# قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئىگىلەپ، ئىسلاھاتنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك

## ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى جەڭگىۋارلىققا ئىلھام بەردى، يۆنىلىشكە يېتەكچىلىك قىلدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش، ئۇ ئىسلاھاتتا جاسارەتنى نامايان قىلىدۇ، ئىسلاھاتتا ئەقىل ـ پاراسەتنى مۇجەسسەملەيدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، ئىسلاھاتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. كەڭ كادىرلار، ئامما بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مۇھىم سۆزنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھاتنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا قەسەم قىلدى.

### ■ پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىش

«ئىسلاھات پارتىيەنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇردى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەنىڭ جەمئىيەتنىڭ باشقا ھەر خىل كۈچلەرنى جاپا ـ مۇشەققەتتە ھەمدەم بولۇشقا يېتەكلەش، تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىشنى مۇھىم تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.» گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى دىڭ لى مۇنداق قارىدى، ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى ئومۇمىي جەھەتتىن تاماملاندى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە چېتىلىدىغان مۇھىم، زور خىزمەتلەردە پارتىيەنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ توغرا، مۇكەممەل، تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، نەزەرىيە، تۈزۈم، ئەمەلىيەت قاتلىمىنىڭ ھەممىسىدە يېڭى بۆسۈش، يېڭى بايقاش، يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

دۆلەت رېفورمىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور بۆسۈشلەرنىڭ بىرى. خېيلۇڭجياڭدا پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك رېفورمىيە كومىتېتى تەشكىللىنىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، رېفورمىيە ئوبيېكتى 290 مىڭ كىشىدىن 1 مىليون 50 مىڭ كىشىگە كۆپەيگەن. «بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، رېفورمىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكى تەدرىجىي ھالدا ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە ئايلىنىپ ئۆزگەرمەكتە.» خېيلۇڭجياڭ جامۇسى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېفورمىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جياڭ خۇڭبى مۇنداق دېدى: ئىسلاھات پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى مۇھىم تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ، پارتىيەنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىشىغا پايدىلىق.

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدىكى تەلەپنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ تەرەپتىن كۈچەپ، پارتىيەنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.» ئوتتۇرا جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا داشۆسى دۆلەت ئىدارە قىلىش تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى ئوۋياڭ كاڭ مۇنداق قارىدى، پارتىيەنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە تۈرلۈك ئىشلارغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش، كۈچەيتىش دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇش يولى.

### ■ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىش

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا نىشان سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى فۇنكسىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش.

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، زېمىن بايلىقى نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئون مۇناسىۋەتلىك تارماقنىڭ 12 تۈرلۈك مەسئۇلىيىتىنى بىرىكتۈرگەن گەنسۇ ئۆلكىلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتىنىڭ ۋىۋىسكا ئېسىپ قۇرۇلغىنىغا بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. «ئىلگىرى ھەرقايسى تارماقلار ئۆز ئىشى ئالدىدىكى قارنىلا سۈپۈرەتتى، ھازىر ئۆزگىرىپ بارلىق ‹جىددىي ئىش›لارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرىدىغان بولدى.» گەنسۇ ئۆلكىلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى خۇاڭ زېيۇەن مۇنداق دېدى: قوماندانلىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى تەڭشەشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىك ـ توغرا يۆنىلىشتە تۇتاشقان بىرلەشمە ئالاقىدىكى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق سىستېمىسىنى تېز سۈرئەتتە بەرپا قىلىش ئاپپارات ئىسلاھاتىدا دەل فۇنكسىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ مۇقەررەر يولى.

2019 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كارخانىلارنى تىزىملاپ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇشتىكى ھەقىقىي ئىسمىنى دەلىللەش سىستېمىسى خىنەن جېڭجوۋدا تورغا چىقىرىلدى. بۇ ئىسلاھات تەدبىرى ھەرقايسى جايلاردا كۆپ تەرەپنىڭ دەلىللەش ئۆلچىمى ئوخشاش بولماسلىق قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كارخانىلارنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، تىزىملاشنىڭ قولايلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. خېنەن ئۆلكىلىك بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ما لىنچىڭ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەكىتلىگىنى بويىچە، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئىسلاھات لايىھەسىنى تۈزۈشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

قاتتىق تاشلاندۇقلارنى ئۆلكە ھالقىپ قانۇنسىز يۆتكەپ تۆكۈش گۇاڭشىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئاپپارات ئىسلاھاتىنى پۇرسەت بىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، تارماقلارنىڭ يەككە ئېلىشىش مەمۇرىي تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپلا قالماي، يەنە قاتتىق تاشلاندۇقلارنى ئۆلكە ھالقىپ قانۇنسىز يۆتكەش قىلمىشىغا قاتتىق چۆچۈتۈپ زەربە بەردى. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ نازىرى تەن چىڭرۇي مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، يەنە ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرى داۋاملىق مۇستەھكەملىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ «كېيىنكى يېرىم سەھىپىسىدىكى ماقالىلەر» چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئىسلاھاتتىن كېيىنكى ئاپپارات فۇنكسىيەسىدە «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» پەيدا قىلىنىدۇ.

### ■ ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشنى يۆنىلىش قىلىش

خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ئېھتىياجى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۈمىدى، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى دەل جايىدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ روشەن يۆنىلىشى.

جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يىڭتەن شەھىرى يۈجياڭ رايونى جىنجياڭ بازارلىق مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمەت مەركىزىدە، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۆزنىكىنىڭ خىزمەتچى خادىمى خې جىنجوۋ شەھەر ئاھالىلىرى تاپشۇرغان كارخانىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش ماتېرىياللىرىنى رەتلەۋاتاتتى. «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ھەم ئورۇنلۇق، ھەم ئاممىغا يېقىن بولۇپ، كىشى قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.» ئۇ مۇنداق دېدى: جياڭشى ئۆلكىسى ناھىيە دەرىجىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى چېكىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ نۇقتىدا سىناق قىلدى، ئىلگىرى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ بېجىرىدىغان بەزى ئىشلارنى بۈگۈنكى كۈندە بازاردىلا بېجىرىپ تۈگەتكىلى بولىدىغان بولدى. كۆزنەكتە ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، خې جىنجوۋ ھەققىي تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈمەت مۇلازىمىتى يېڭى كەيپىياتىنى، پۇقرالار ئارىسىدا ئىش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەش يېڭى دولقۇنىنى ھېس قىلدى.

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر، بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى. ئاممىنىڭ يېڭى ئېھتىياجى، يېڭى ئارزۇسىغا سېلىشتۇرۇپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلاھات ئەمەلىي ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

«1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار چوڭ دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئەسلىدىلا بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇشكۈل ۋە جاپالىق ۋەزىپە.» فۇجيەن سىفەن داشۆسى ئىقتىساد شۆبىسىنىڭ مۇدىرى خۇاڭ ماۋشىڭ مۇنداق دېدى: شۇڭا، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولىدىغان كۈرەش ھالىتى ۋە قانچە جاپالىق ـ خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىنى ساقلاپ، ئىش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەشتەك كۈچلۈك قابىلىيەتنى ئاشۇرۇپ، دادىل زىممىگە ئالالايدىغان پولاتتەك مۈرىنى تاۋلاپ، ئاممىنىڭ ئىسلاھاتتىن ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كەڭ خەلقنى ئىسلاھاتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىدىغان، ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىسلاھاتنى قوللايدىغان، ئىسلاھاتقا قاتنىشىدىغان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىسلاھاتنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

# شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ مىچېلنىڭ ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ ياۋروپانىڭ خەلقئارا ئىشلاردا تېخىمۇ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللايدۇ. مەن جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، رەئىس مىچېل بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ تىنچلىق، ئاشۇرۇش، ئىسلاھات، مەدەنىيلىكتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا خەلقىگە بەخت يارىتىپ، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭمۇ تېلېگرامما ئەۋەتىپ مىچېلنى تەبرىكلىدى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، ھازىرقى جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم پۇرسەتنى تۇتۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

# دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا يارىتىلغان پايدىلىق شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بىرىنچى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئىگىلەپ ئىشەنچنى چىڭىتىش كېرەك. «ئالتىدە چىڭ تۇرۇش»نىڭ ئاساسىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئەمەلىيەت ئەھمىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھات ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھات جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق تۈرلۈك ئىسلاھاتنىڭ پۇختا، ئىنچىكە، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، يېڭى ئاپپاراتلارنىڭ يېڭى فۇنكسىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلەپنى توغرا ئىگىلەپ، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى، ئاچقۇچلۇق ھالقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يەتتە جەھەتتىكى كونكرېت ۋەزىپىنى پۇختا، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ ھالدا ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساسىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ھەقىقىي تۈردە «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» پەيدا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا يارىتىلغان پايدىلىق شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، تاغقا يولۇققاندا يول ئېچىپ، سۇغا يولۇققاندا كۆۋرۈك سېلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، داۋاملىق قاتتىق جەڭ قىلىپ، قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك يانداش ئىسلاھاتلارنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي بولۇشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، قۇدرەتلىك تۈزۈم ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ قويۇپ بېرىپ، تىرىشىپ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك.

تۆتىنچى، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولۇش روھىي ھالىتىنى ساقلاش كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى پەيتنى قولدىن بەرمەي، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولۇشتەك كۈرەش ھالىتى ۋە قانچە جاپالىق ـ خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىنى ساقلاپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلىتىنى تاۋلاپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

بەشىنچى، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، باش نىشان ئارقىلىق ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەڭ قەدەمدە ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىق ۋە ئىسلاھات پايدىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قويۇپ بېرىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جىڭ، جاڭ چۇنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

پارتىيەنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلىندى، 2020 ـ يىلغىچە بولغان ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى، لىنىيە خەرىتىسى پىلانلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن لايىھەلەپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېڭى دەۋرى ئېچىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىلدى. بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش مىسلىسىز سالماق بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نۇرغۇن جىددىي ئېقىن، خەتەرلىك ساھىللاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاساسلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي گەۋدە رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى نامايان قىلىندى، يېڭى بۆسۈشلەر ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر، پارتىيەنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان قاتتىق ۋەزىپە. ھازىر 2020 ـ يىلدىكى مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە پەقەت بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قالدى. پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، داۋاملىق قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتا، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا يارىتىلغان پايدىلىق شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم، زور ھەرىكەت بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىسلاھاتتا تۈزۈلمە تىرەكلىك رولى ۋە كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ھازىر، 19 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن تاماملاندى، بىز تەشكىلىي قۇرۇلمىنى قايتا قۇرۇشنى تاماملاپ، ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى تۈزۈلمە تىرەكى ۋە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدۇق. ئاپپارات ئىسلاھاتىدا يارىتىلغان پايدىلىق شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، تۈپ خاراكتېرلىك، ئومۇمىيەت خاراكتېرلىك، تۈزۈم خاراكتېرلىك مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى كۆپرەك تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى كۆپرەك تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى كۆپرەك تۇتۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھات لايىھەلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باھالاپ، ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈشنى كۆپرەك تۇتقاندىلا، ئاندىن ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتا، نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئورۇنلاشتۇرغان نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىسلاھات خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلىش، تەدبىر بەلگىلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھات بىرىكمە مۇشتىنى ياخشى ئېتىش كېرەك. ئىسلاھاتتا ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكلۈكى، ماسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىسلاھاتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئىسلاھات لايىھەسىنى تۈزۈشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسلاھات، مۇھىم، زور تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشقا چېتىلىدىغان ئىسلاھات، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىسلاھاتنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىسلاھات لايىھەسىنىڭ سۈپىتى ۋە يولغا قويۇلۇش نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، نەتىجىلەرنى رەتلەپ ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىششىپ يېتىلىشىگە، تېخىمۇ مۇقىملىشىشىغا ئومۇمىي جەھەتتىن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىسلاھات پەقەت داۋاملىشىدۇكى، ئاخىرلاشمايدۇ. مەيلى ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتە بولسۇن ياكى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا بولسۇن، بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەدبىرلەرنى دەل جايىدا يولغا قويۇپ، مۇھىم، زور زىددىيەت ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشتە ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىدىغانلا بولساق، بىز چوقۇم ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئازاد قىلىپ ۋە ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىستىقبالىنى ئاچالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)